# مىللىي ئارمىيىنىڭ قىسىم قۇرۇلمىسى توغرىسىدا

ئېلكتاب ياسىغۇچى : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>>دىن ئۇيغۇر ئوغلى
ئېلكتاب تارقاتقۇچى : ئۇيغۇر ئېلكتاب تورى
www.uyebook.com ياكى www.uyebook.cn
ماتېرىيال مەنبەسى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى
http://www.orkhun.com
تورغا يوللىغۇچى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتىدىن niyazdixan ئەپەندى

مىللىي ئارمىيىنىڭ قىسىم قۇرۇلمىسى توغرىسىدا

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھازىرقى زامان تارىخىمىزدىكى چوڭ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان 1944 - يىلى 8 - ئايدىن تارتىپ 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىپ، ئىنقىلاب ئوتىنى ئۈرۈمچى، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، قارا شەھەر، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە تۇتاشتۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئاز قالدى. بۇ ماقالىدا ئۈچ ۋىلايەت قوراللىق كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇنتىزىم ئارمىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانغىچە بولغان جەريانلىرىدىكى قىسىم قۇرۇلمىسى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاشنىڭ ئىچكى - تاشقى سەۋەبلىرى

### ئىچكى ئامىل:

1931 - يىلىدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە پۈتۈن شىنجاڭغا ئىنقىلاب ئوتى تۇتۇشۇپ جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى لىڭشىپ قالدى، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۆ، لى شياۋتيەن قاتارلىقلار ئاق ئورۇس

ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ جىن شۇرېننى قوغلىۋەتتى بىراق ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن چوڭ ھوقۇق شۇ چاغدىكى ھەربىي قوماندان شېڭ شىسەينىڭ قولىغا چۈشتى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ كۈچلىرىنى تارمار قىلدى، خوجىنىياز ھاجىنى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىششقا مەجبۇر قىلدى. شۇنداق قىلىپ قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ( خوتەندىن باشقا) ھەممە يېرىنى ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىغا ئالدى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە بەزىبىر ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ساھەسىدە بەلگىلىك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى. بىراق كېيىن ئۆزىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىلىرىدىن بىرقانچىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ھەر مىللەت خەلقىدىن نەچچە يۈزمىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. نەتىجىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولالماي دەككە ـ دۈككىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، چېگرىنى تاقىغاندىن كېيىن كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قىس بولۇپ، مال باھاسى ئۆسۈپ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشمۇ قىيىن كۈندە قېلىپ خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈندىن ـ كۈنگە قوزغىلىپ، غەزەپ ـ نەپرىتى چەككە يەتتى. ئاددىي خەلقتىن تارتىپ يۇقىرى قاتلام كىشىلەرگىچە بولسۇن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدىن نارازى بولمىغىنى قالمىدى.









## 30- يىللاردىكى شىنجاڭ تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن تۆت مەشھۇر شەخس: خوجانىياز ھاجى، شېڭ شىسەي، جىن شۇرېن، ما جۇڭيىڭ

**تاشقى سەۋەب:**

**1933 - يىلى شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ بارلىق سىياسەتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل قىلىپ ئېلان قىلدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور مىقداردىكى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي ياردىمىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ئېشىپ، شىنجاڭ رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى رايون بولۇپ قالدى. شۇ دەۋردە ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى بار بولۇپ، ئەملى ھوقۇق شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. شېڭ شىسەي ئويدۇرۇپ چىقارغان توپىلاڭ ئەنزىلىرىدىكى جىنايەتچىلەرمۇ موسكۋادىن تەستىق كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىناتتى. بىراق 1942 - يىلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خادىملىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىر كۈچلىرىنى پۈتۈنلەي تازىلىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەسلىدىكى ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇددىئاسى پەيدا بولدى. بۇ مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭدا چوقۇم بىر ئىنقىلاب پارتلاش كېرەك ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىغا بولغان قارشىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىش ئېلىپ**

بېرىشىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان كونكرېت ئىشلارنىڭ بىرى ئالتاينىڭ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيلىرىدىكى قازاق خەلقىنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلىڭىنى قوللاش، يەنە بىرى شېڭ شىسيەينىڭ ئاق تېرورلۇقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىققان ھەر مىللەت ياشلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا ھەربىي تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىدى سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئەپەندىنىڭ « مەن شاھىت بولغان ئىشلار » ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى پامىر ئېتىكىدە ئىسھاقبېك مۇنۇنوف، پالىنوفلارنىڭ باشچىلىقىدا 500 نەچچە كىشىلىك بىر پارتىزان ئەترىتى قۇرۇپ ئۇلارنى ئاتۇش چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىنقىلاب قوزغىماقچى بولغان. بىراق ئارىدىن خائىن چىققانلىقتىن پىلان ئەمەلگە ئاشماي قالغان. يەنە ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئالېكساندىروفلار باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ ئۇلارغا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارغان. يەنە ئىلى ۋىلايىتىدىن قېچىپ چىققان پاتىخ مۇسلىموف ( تاتار)، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، قۇربان بۇرھاندىن (ئۇيغۇر)، رەپىق بايچۇرىن (تاتار) قاتارلىق 10 نەچچە نەپەر ياشنى ئالمۇتا ئەتراپىدىكى بىر ساناتورىيىدە تەربىيلەپ پۇرسەت تۇغۇلغاندا، چېگرىدىن كىرگۈزۈپ ئىلى ۋىلايىتىدە ئىنقىلاب قوزغىماقچى بولغان.









**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك تۆت كاتتىۋېشى: سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبىرى ستالىن؛ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار كومىسسىرىياتىنىڭ رەئىسى مولوتوف، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى ( ك گ ب) نىڭ باشلىقى بېرىيە؛ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار كومىسسىرىياتىنىڭ رەئىسى ۋورشىلوۋ.**

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دوباشىن ئېلىخان تۆرە، ھېكىمبەك غوجا قاتارلىق يەرلىك يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ ئۇلارنى قوزغىلىپ شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا دەۋەت قىلغان ۋە ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدا « ئازادلىق تەشكىلاتى » قۇرۇلۇپ مەسچىتلەردە تەشۋىقات خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى.**





غۇلجىدا قوزغۇلغان " ئازادلىق تەشكىلاتى "نىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە ۋە ھېكىمبەگ غوجا

يۇقىرىقىدەك تەييارلىقلاردىن كېيىن 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا پاتىخ مۇسلىموف ( تاتار) باشچىلىقىدىكى 7 كىشلىك كىچىك ئەترەت قورغاس چېگرىسىدىن كىردى ۋە نىلقا ناھىيىسىدىكى ئۈلاستاي تېغىغا بېرىپ ئەكبەر ( قازاق) قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ قوزغىلاڭنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشتى.

## پارتىزانلىق دەۋرى

1944ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 14ـكۈنى ئۈلاستاي تېغىدا پاتىخ مۇسلىموف (تاتار)، ئەكبەر (قازاق)، سىيىت (قازاق)، قۇربان بۇرھانىدىن (ئۇيغۇر)، رەپىق بايچۇرىن (تاتار)، غېنى مەھەممەتباقى (ئۇيغۇر)، نۇر ئوبۇلۇف (ئۇيغۇر)، ئوسمان ئىبراھىموف (ئۇيغۇر)، ھوشۇر مامتوف (ئۇيغۇر)، خەمىت مۇسلىموف (تاتار)، مولداجان (قازاق)، سېرىيوژا لاپشىن (رۇس) قاتارلىق كىشلەرنى يادرو قىلغان پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى ۋە ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلىندى. پاتىخ مۇسلىموف باش قوماندان، ئەكبەر، سېرىيوژا لاپشىن مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى. ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ئۈچ تارماق ئەترەت تەشكىل قىلىندى. 1ـچوڭ ئەترەتكە ئەكبەر باتۇر، سىيىتلار قوماندان بولدى، ئۇنىڭ ئادەم سانى تەرەققىي قىلىپ 11ـئايغا بارغاندا تەخمىنەن 600 ئادەمگە يەتتى، 2ـچوڭ ئەترەتكە غېنى باتۇر، ئوسمان ئىبراھىموف قوماندانلىق قىلدى، ئۇنىڭ ئادەم سانى تەرەققىي قىلىپ 11ـئايغا بارغاندا

تەخمىنەن 600 ئادەمگە يەتتى، 3-چوڭ ئەترەتكە شۇتوۋ ئىۋان، خەمت مۇسلىموۋ قوماندانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئادەم سانى تەرەققي قىلىپ 11-ئايغا بارغاندا تەخمىنەن 600 ئادەمگە يەتتى. پارتىزان ئەترىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى نىلقىدىن بۇلارنى تۇتۇشقا كەلگەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرىنى يوقىتىپ تۇنجى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى ۋە بىرقانچە قېتىملىق غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلىپ پارتىزانلارنىڭ كۈچى بارغانچە ئۇلغايدى. 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىشى ئارقىلىق 7 - كۈنى ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. ۋە غۇلجىدىن كەلگەن گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى.



http://web.bilik.cn//yawuz/Gheni-batur.jpg

غېنى باتۇر

http://www.orkhun.com/Yawuz/fatixbatur.jpg

http://www.orkhun.com/Yawuz/ekberbatur.jpg

http://www.orkhun.com/Yawuz/xemit.jpg

فاتىخ باتۇر، ئەكبەر باتۇر، خەمت باتۇر

1944-يىلى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى «ئازادلىق تەشكىلاتى » غۇلجىدا «ھەربىي قوماندانلىق شتابى» نى قۇرۇپ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تارقاق ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزان ئەترەتلىرىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى قارار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرى پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندىروۋ باش قوماندان بولدى، ئۇنىڭ ئەزالىرى رەھمجان سابىر ھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ۋ. م. ماژاروف، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپتى. ھەربىي قوماندانلىق شتابى 11- ئاينىڭ 7- كۈنى ( سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا 27 يىل تولغان كۈنى) شەھەر بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى، نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلىششىنى قارار قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىگە قېچىپ بارغان ھەر مىللەت ياشلىرىدىن تەشكىللەنگەن پارتىزان ئەترىتى 11- ئاينىڭ 7- كۈنى سەھەرگە ئۇلگۈرۈپ ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ قوماندانلىقىدا غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ۋە ۋاڭ قادىر بېغىدا مەشىق قىلىۋاتقان گومىنداڭنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن تۈزۈلگەن يۈز كىشىلىك كىچىك قوشۇننى تەسلىم قىلدۇرۇپ، يېڭى بىر ئەترەت تەشكىل قىلدى بۇ ئەترەتكە ئارۇپ ئەۋزى (تاتار) كوماندىر، ئايتۇغان يۇنۇچى (تاتار) مۇئاۋىن كوماندىر بولۇپ قوشۇننى يېتەكلەپ دەرھال قورچاق ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى.

نىلقا پارتىزانلىرى پاتىخ باتۇر، غېنى باتۇر قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە غۇلجا شەھىرىگە شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىردى.

بىرنەچچە كۈنلۈك كەسكىن جەڭ ئارقىلىق 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە كەلگەندە غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ، ئايرودروم، لەڭشاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن باشقا جايلىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى. بۇ جەرياندا گومىنداڭنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئەسكىرى يوقىتىلدى، 150 دىن كۆپرەك ئەسكىرى ئەسىر ئېلىندى.

پارتىزانلار ھەرەمباغ قاتارلىق جايلارغا كىرىۋالغان دۈشمەنلەرنى قورشاپ داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى ۋە كەسكىن كۈرەشلەر ئارقىلىق 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە كەلگەندە غۇلجا شەھىرىنى تولۇق ئازاد قىلدى. ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى 80 نەچچە كۈن توختىماي داۋام قىلدى. ئۇرۇش جەرياندا پارتىزانلار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن 1600 ئادەمنى يوقاتتى، 3700 دىن كۆپرەك ئادەم (بۇنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە خەنزۇ ئامما) نى ئەسىرگە ئالدى، مىلتىقتىن 2100 نەچچىنى مىنامىيوتتىن 6 نى، ئېغىر - يېنىك پىلىموتتىن 98 نى،

ئايروپىلاندىن 54 (تولىسى زەخىملەنگەن) نى، ئاپتوموبىلدىن 16 نى ۋە باشقا كۆپلىگەن ھەربىي ئەشيالارنى غەنىمەت ئالدى.

غۇلجا شەھىرىدە كەسكىن جەڭلەر بولۇۋاتقاندا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ كۈرەشلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. سۈيدۈڭ ناھىيىسىدە موگوتنوفنىڭ قوماندانلىقىدا ھەر مىللەت ياشلىرىدىن سۈيدۈڭ پارتىزانلىرى تەشكىل قىلىندى، كەڭسايدا فاتى ئۆۋانوۋىچ لېسكىننىڭ باشچىلىقىدا كەڭساي پارتىزانلىرى تەشكىل قىلىنىپ ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلدى. مەنسۇر لومىيوۋ (خۇيزۇ) باشچىلىقىدا تۇڭگان پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ سۈيدۈڭ پارتىزانلىرىغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلدى. ئارىشاڭ ناھىيىسىدە ئېردەنى ( موڭغۇل) باشچىلىقىدا موڭغۇل پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ بۆرتالا ئەتراپىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. تېكەس، موڭغۇلكۈرە، توققۇزتارا، كۈنەس قاتارلىق ناھىيىلەردىكى خەلقمۇ قوزغىلىپ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرەشلىرىگە ئىشتىراك قىلدى.

تۈگىدى

باياناتىن : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ھەرقانداق ئېلكتابنىڭ ئەسلى ماترىيالىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى شۇ ماتېرىيال يوللانغان توربەت ھەم شۇ توربەتكە يوللىغۇچى ئاپتۇرغا مەنسۇپ !!!

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ئېلكتابلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە بىرقىسىم پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى ، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ . ئەگەر قانۇنسىز باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ بىرەر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول بولىدۇ . <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!!

يۇقىرىقىلاردىن باشقا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكتابقا نىسبەتەن پىكىر-تەلەپلىرىڭىز بولسا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> نىڭ QQ توپى : 55451683

2008 -يىلى 2-ئاينىڭ 1-كۈنى

شەندۇڭ---جىنەن